# 42321 - ھاملدار بولغان دەسلەپكى ئايدا تۆرەلمنى چۈشۈرۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

تۆرەلمنى جان كرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۋېتىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملار كېڭىشى مۇنداق قارار چىقاردى:

1-تۆرەلمنى ھەر قايسى باسقۇچلاردا چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ، پەقەت تار دائىرىدىكى شەرئى سەۋەپ بىلەن بولسا بولىدۇ.

2-ئەگەر تۆرەلمە دەسلەپكى باسقۇچتا يەنى قىرىق كۈنلۈك ۋاقىتتا بولسا، شەرئى سەۋەپ بىلەن ياكى زىياننى دەپئى قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا بولىدۇ. ئەمما بۇ مۇددەتتە، ئەۋلاد تەربىيلەشنىڭ قىيىنچىلىقى ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرى، كەلگۈسىدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن ئەنسىرەپ ياكى ھازىر بار بولغان ئەۋلادلار بىلەن كۇپايىلىنىپ چۈشۈرۈۋەتسە توغرا بولمايدۇ.

3-ئەگەر تۆرەلمە ئىككىنچى باسقۇچ قانغا ئايلانغان ۋاقتى ياكى ئۈچىنچى باسقۇچ بىر چىشلەم گۆشكە ئايلانغان ۋاقتى بولسا، يەنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قىرىق كۈنلۈك باسقۇچتا بولسا، بۇ ھاملدارلىق داۋام قىلسا، ئانىنىڭ سالامەتلىكىگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشەنچلىك دوختۇرلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تەخمىن قىلىنسا، كېلىپ چىقىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆرەلمنى چۈشۈرۈۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ.

4-يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ باسقۇچ ئۆتۈپ، تۆت ئاي مۇكەممەل بولغاندىن كېيىن، بارلىق مۇتەخەسسىس دوختۇرلار بىرلىكتە: تۆرەلمە ئانىنىڭ قورسىقىدا قالسا، ئانىسىنىڭ ۋاپات بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ دەپ قارار چىقارغان تەقدىردىمۇ، ئۇ تۆرەلمنى چۈشۈرۈۋېتىش ھالال بولمايدۇ. ئاشۇ تۆرەلمنى ھايات ساقلاپ قىلىش

ئۇچۇن بارلىق ۋاستىلارنى قوللانغاندىن كېيىن، ئىككى مەنپەئەتنىڭ كاتتىسىنى جەلىپ قىلىش ۋە ئىككى زىياننىڭ چوڭىدىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە قەدەم بېسىشقا بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.